# پاكلىق ئىماننىڭ بىر قىسمىدۇر، ئەلھەمدۇلىللاھ مىزاننى توشقۇزىدۇ، سۇبھانە ئاللاھ ۋە ئەلھەمدۇ لىللاھ بۇ ئىككى كەلىمە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى توشقۇزىدۇ

ئەبى مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: پاكلىق ئىماننىڭ بىر قىسمىدۇر، ئەلھەمدۇلىللاھ مىزاننى توشقۇزىدۇ، سۇبھانە ئاللاھ ۋە ئەلھەمدۇ لىللاھ بۇ ئىككى كەلىمە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى توشقۇزىدۇ، ناماز نۇردۇر، سەدىقە ھۆججەتتۇر، سەبىر يورۇقلۇقتۇر، قۇرئان سىزنىڭ پايدىڭىز ياكى زىيىنىڭىزغا ھۆججەتتۇر، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئەتتىگەندە چېقىپ كەچكىچە ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ياكى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىدۇ».
[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تاھارەت ۋە غۇسلە بىلەن بولىدىغان سىرتقى پاكلىقنىڭ نامازنىڭ سەھىھ بولىشىنىڭ شەرتى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. ئەلھەمدۇ لىللاھ مىزاننى توشقۇزىدۇ دېگەن سۆز بولسا، ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەش ۋە مۇكەممەل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش بولۇپ قىيامەت كۈنىدە مىزانغا قويۇلغاندا، ئەمەل مىزاننى توشقۇزىدۇ. سۇبھانئاللاھ ۋە ئەلھەمدۇ لىللاھ دېگەن بۇ ئىككى كەلىمە ئاللاھ تائالانى بارلىق كەمچىللىكتىن پاكلاش، مۇكەممەل تولۇق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش، ئاللاھنى ئۇلۇغلاش ۋە كاتتىلاش بىلەن بىرگە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى توشقۇزىدۇ. ناماز ھەقىقەتەن بەندە ئۈچۈن دىلىدا، چىرايىدا، قەبرىسىدە ۋە مەھشەر مەيدانىدا نۇر بولىدۇ. سەدىقە ھۆججەتتۇر، مۇئمىننىڭ ئىمانىنىڭ راستلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. مۇئمىن سەدىقە قىلىش بىلەن سەدىقە قىلىشتىن باش تارتىدىغان ۋە بۇنىڭغا ببىرىلىدىغان ساۋاپقا ئىشەنمەيدىغان مۇناپىقىقا ئوخشىمايدۇ. سەبرى نۇردۇر، سەبرى دېگەن: ئۆزىنى ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپلىنىشتىن تۇتۇپ تۇرۇشتۇر، سەبرى بىلەن ھاسىل بولىدىغان نۇردىن خۇددى قۇياش نۇرىغا ئوخشاش ھارارەت ۋە قىززىقلىق پەيدا بولىدۇ، چۈنكى سەۋىرچانلىق دېگەن: نەپسى بىلەن كۆرەش قىلىش ۋە ئۇنى ئۆز خاھىشىدىن كونتۇرۇل قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولىدىغان قىيىن ئىشتۇر، سەۋىرچان كىشى دائىم يورۇقلۇقتا ھىدايەت تېپىپ توغرا يولدا داۋاملاشقۇچى بولىدۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ تائەت-ئىبادىتىگە سەبرى قىلىش، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتا سەبرى قىلىش، بالا-مۇسىبەتكە سەبرى قىلىش ۋە دۇنيادا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا سەبرى قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىش ۋە ئەمەل قىلىش بىلەن سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىزگە ھۆججەت بولسا، تىلاۋەت قىلماسلىق ۋە ھۆكمىگە ئەمەل قىلماسلىق بىلەن سىزنىڭ زىيىنىڭىزغا ھۆججەتتۇر. ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئۇيقۇدىن تۇرۇپ ئەتتىگەندە تۈرلۈك خىزمەتلەر ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. بەزى كىشىلەر ئاللاھنىڭ تائەت-ئىبادىتىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۆزىنى دوزاختىن قۇتقۇزىدۇ، بەزى كىشىلەر توغرا يولدىن چەتنەپ گۇناھ-مەسىيەت سادىر قىلىپ دوزاخقا كىرىش بىلەن ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ.